# شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن يىغىندا سۆز قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىگە سەمىمىي سالام يوللىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قانۇنشۇناسلىق جەمئىيەتلىرى كەڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، قانۇنشۇناسلىق بويىچە پىكىر ئالماشتۇرۇش، قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. كەڭ قانۇنشۇناسلىق، قانۇن خىزمەتچىلىرىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق قانۇنچىلىق ئىختىساسلىقلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، مۇستەھكەم غايە ـ ئېتىقاد، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە شانلىق سەھىپە يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن. قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنشۇناسلىق ساھەسى، قانۇن ساھەسى ھەم جەمئىيەتتىكى باشقا ساھەلەر بىلەن بولغان پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە خىزمەت ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ قانۇن بويىچە، نىزامنامە بويىچە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى 7 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، روزى ئىسمايىل يىغىنغا خىزمەت دوكلاتى بەردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ مىڭشەن، باھارگۈل سەمەت، لى يۈەجۈن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

شىنجاڭ قانۇنشۇناسلىق جەمئىيىتى 8 ـ قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك بولۇشنى ۋاستە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەردىن پايدىلىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېز ئالغا سىلجىتتى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە يەر ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، ئەڭ قاتتىق بولغان يەرنى تېجەشلىك ئىشلىتىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك پايدىلىنىش بوشلۇقى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قويۇپ بېرىپ، يەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمى، ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇردى.

«ئاپتونوم رايون زور كۈچ بىلەن يەر بايلىقىدىن تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك پايدىلىنىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يەر بايلىقىنى تېجەشنىڭ بوشلۇق ئەندىزىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى تېز شەكىللەندۈردى.» ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «دۆلەتنىڭ كەسىپلەرگە يەر ئىشلىتىشنى يۆلەش سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى ھەمدە كەسىپ تەرەققىياتىغا ئىشلىتىلىدىغان يەرگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، بىز يەر بازىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، مۇناسىۋەتلىك تەڭشەش ـ تىزگىنلەش تەدبىرىنى چىقىرىپ، يەر بايلىقىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە يەردىن تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك پايدىلىنىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتتۇق، ھەم تەستىقلانغان بولسىمۇ تەمىنلىمىگەن ۋە يەرنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلدۇق».

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىز «كۆپ خىل بەلگىلىمە بىرلەشتۈرۈلگەن» دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يېرىك پىلان سىستېمىسى يېڭى ئەندىزىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىۋاتىدۇ. دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يېرىك پىلان سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، رايونلار ماس تەرەققىي قىلغان، كەسىپلەر مۇۋاپىق توپلانغان يەردىن پايدىلىنىش ئەندىزىسىنىڭ تېز شەكىللىنىشى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يەرنى تېجەشلىك، تۆجۈپىلىك ئىشلىتىش سەۋىيەسى ھەم بىرلىك كۆلەمدىكى يەرنىڭ ھاسىلات ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدۇ.

# «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 2000 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشىيا**، پىراكتىكانت **ئارۇق ئامانباي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» بويىچە قوبۇل قىلىش 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باشلىنىدىكەن، قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەم سانى 2000 ئىكەن.

بۇ يىل «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» بويىچە قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر (ئوقۇش پۈتكۈزگىنىگە ئۈچ يىل بولغان ئىلگىرىكى يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، 2020 ـ يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر نۇقتىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ. مەكتەپ پۈتكۈزگەنلەر تور ۋە تور سىرتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يول ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ: «شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى» (http://www.xjggjy.com/)غا چىقىپ ئۇچۇرلىرىنى تولدۇرسا بولىدۇ، نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقىغا بېرىپ نەق مەيداندا ئۇچۇرلىرىنى تولدۇرسىمۇ بولىدۇ. تىزىملىتىش ۋاقتى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە بولىدۇ.

قوبۇل قىلىش خىزمىتى باسقۇچقا بۆلۈپ ئالغا سىلجىتىلىدۇ، 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە تىزىمغا ئالدۇرۇش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش باسقۇچى؛ 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە يېزىقچە ئىمتىھان، يۈزتۇرا ئىمتىھان باسقۇچى؛ 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە سالامەتلىك تەكشۈرۈش، تەربىيەلەش باسقۇچى؛ 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رەسمىي ئىش ئورنىغا چىقىشقا تەشكىللىنىدۇ.

ئىگىلىنىشىچە، بۇ يىل «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» بويىچە قوبۇل قىلىش پىلانىنى تەقسىملەشتە «ئۈچكە مايىللىشىش» يولغا قويۇلىدىكەن: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا مايىللىشىپ، قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ 50%ى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا چۈشۈرۈلىدىكەن؛ ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى ساھەسىگە مايىللىشىپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى ئاساسى ئاجىز رايونلارغا داۋالاشقا ياردەم بېرىش مۇلازىمىتى خادىملىرىنى تاللاپ ئەۋەتىش سالمىقى ئاشۇرۇلىدىكەن؛ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىلەر، ئىشقا ئورۇنلاشقانلار يوق ئائىلىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە مايىللىشىپ، بۇ ئائىلىلەردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئالدىن قوبۇل قىلىنىدىكەن.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر بۇ يەرگە قاراڭلار:

# 6636 ئىشقا ئورۇنلىشىش پىراكتىكا ئىش ئورنىنى تاللاشقا بولىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشىيا**، پىراكتىكانت **ئارۇق ئامانباي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايون 2020 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن 3000 ئوقۇغۇچىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پىراكتىكىسىغا قاتنىشىشقا تەشكىللىگەن، ھەرقايسى جايلاردىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى پائال رەتكە تۇرغۇزۇپ، رەتلەپ، 6636 پىراكتىكا ئىش ئورنىنى جەملەپ ئۇلارنىڭ تاللىشى ئۈچۈن تەمىنلىگەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ پىراكتىكا ئىش ئورۇنلىرى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى قاپلىغان بولۇپ، ئورگان، كەسپىي ئورۇنلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار قاتارلىقلارغا چېتىلىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئورگان، كەسپىي ئورۇن 2900، دۆلەت كارخانىسى 776، ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانا 2960 ئىكەن.

پىراكتىكىغا قاتناشقان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر پىراكتىكا مەزگىلىدە شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىكى تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىراكتىكا ئورۇنلىرى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنىڭ 50%ىدىن تۆۋەن بولمىغان ئىش ئورنى ياردەم پۇلى تارقىتىدۇ، ھەم كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىم سۇغۇرتىسىنى بېجىرىدۇ. پىراكتىكا مۇددىتى توشمايلا پىراكتىكا قىلىۋاتقان مەكتەپ پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئىككى يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك ئەمگەك توختامى تۈزگەن ھەمدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تاپشۇرغانلارغا قارىتا، ئېشىپ قالغان مۇددەتتىكى پىراكتىكا ياردەم تولۇقلىمىسىنى پىراكتىكا ئورنىغا تولۇقلاپ بېرىشكە بولىدۇ.

2020 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارمىقىغا بېرىپ پىراكتىكا قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تارماقلىرى پىراكتىكا ئورۇنلىرىغا تەۋسىيە قىلىدۇ؛ شىنجاڭ ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت تورى (www.xjggjy.com)، جۇڭگو شىنجاڭ ئىختىساسلىقلار تورى (www.xjrc365.com)غا چىقىپ، مۇۋاپىق پىراكتىكا ئىش ئورنىنى ئىزدەپ، تاللاپ، پىراكتىكا ئورنى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلەشسىمۇ بولىدۇ؛ يەنە ئاپتونوم رايون ھەم ھەرقايسى جايلاردىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرگە مۇلازىمەت قىلىش قىزىق لىنىيەسىگە تېلېفون قىلىپ، پىراكتىكا سىياسىتى ۋە ئىش ئورنىنى ئېلان قىلىش ئەھۋالىدىن مەسلىھەت سورىسىمۇ ھەم پىراكتىكا قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ.

# ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىنچى سەپكە چۆكۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە مەركەزلىك نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىخەتەر تەرەققىيات تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلاش كېرەك. ئادەتتىكى سۈرئەتلىك تۆمۈريول بىخەتەرلىكىدىكى يوشۇرۇن خەۋپنى چوڭقۇر، ئەستايىدىل ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، تۈزەپ، بىخەتەرلىك ھالقىسى ۋە ئاجىز ھالقىلارنى تېپىپ چىقىپ تەھلىل قىلىپ، مەسىلە يوشۇرۇن خەۋپى تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈزەش تەدبىرى، مەسئۇل ئورۇن ۋە تاماملاش مۇددىتىنى تۈرمۇتۈر ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى ۋاقتىدا تۈگىتىش كېرەك. قاراتمىلىقى بولغان بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەنبەدىن تۈزەش، ئالدىن ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۆمۈريول ترانسپورتىنىڭ بىخەتەرلىك مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆمۈريول بىخەتەرلىكىنى مەخسۇس تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان بىر تۈركۈم «كونا، چوڭ، قىيىن» مەسىلىلەرنى تۈپتىن تۈزەپ، مەخسۇس تۈزەشتە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ھەم تۆمۈريول نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرى، تۆمۈريول ترانسپورتى كارخانىلىرى مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆمۈريول بىخەتەرلىكىنى جەمئىيەت ئورتاق تۈزەيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۆمۈريول سىستېمىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى مۇھىم تارماق، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يولۇچىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ئايرىۋېتىش، پويىزنى دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پورت، ۋوگزاللاردا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇپ، تۆمۈريول يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۆتكىلىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى ساقلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەيدەشكە ياردەملىشىش سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان تۆجۈپىلەپ تېرىش، قۇر بويىچە ئوغۇتلاش ۋە دەل جايىدا دورا چېچىشنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى ماس قەدەمدە كېڭەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئورگانىك بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىز بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى ئاساسىدىكى ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلان ئارقىلىق زىرائەت پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى پائال كېڭەيتىپ، بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى بىلەن يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاننى بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش، دورا چېچىش مەشغۇلاتى قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، زىرائەت پەرۋىش قىلىش ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلانى بىر كۈندە 300 مودىن 700 موغىچە كۆلەمدە مەشغۇلات قىلالايدىكەن، ئۈنۈمى يۇقىرى، سۈرئىتى تېز، بىرتۇتاش ئالدىنى ئېلىش ـ بىرتۇتاش تىزگىنلەشكە قولايلىق بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىزلارغا ئەنئەنىۋى دورا چېچىشقا سېلىشتۇرغاندا، دېھقانچىلىق دورىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلۈپ، تەننەرخنى تېجەپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

ئاپتونوم رايون بويىچە بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى ئاساس قىلىنغان ئۇچقۇچىسىز زىرائەت پەرۋىش قىلىش ئايروپىلانىنىڭ ئومۇمىي سانى 5000دىن ئاشقان، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا زىرائەت پەرۋىش قىلىش مەشغۇلات كۆلىمى 20 مىليون مودىن ئاشقان.

بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى يەنە شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش مەشغۇلاتىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلدى، مەشغۇلات ماشىنىلىرى گۇرۇپپىسىغا بېيدوۋ ئورۇن بەلگىلەش، سېزىش قاتارلىق ئۇچۇرلارنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، يەر رەتلەش مەشغۇلاتىنى ئومۇميۈزلۈك نازارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات ھالىتى ۋە مەشغۇلات كۆلىمىنى توغرا كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئورناتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش مەشغۇلاتىنى يىراقتىن ئۇچۇرلاشتۇرۇپ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى 2000 يۈرۈشتىن ئاشقان بولۇپ، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، يەر رەتلەشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇپ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش بىلەن تولۇق قاپلاش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.